# شارائىت يارىتىپ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش

## — شەندۇڭنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرى، يېڭىسار ناھىيەلىك تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى چېن مىڭ توغرىسىدا

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان شەخسلەرنىڭ خىسلىتى

□مۇخبىرىمىز خەن چىنيەن

«مېنىڭ ئەڭ پەخىرلىنىدىغىنىم، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مەزگىلىدە، 2018 - يىللىق ‹ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى› دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەنلىكىمدۇر.» يېڭىسار ناھىيەلىك تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، جىنىڭ شەھىرى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى كەسىپ گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى چېن مىڭ ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش كەچۈرمىشىنى سۆزلىگەندە، ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «شارائىت بولمىسىمۇ، شارائىت يارىتىپ نىشانلىق ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جاينىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشىغا كۈچ قوشىمەن.» 2017 - يىلى 2 - ئايدا، چېن مىڭ شەندۇڭ جىنىڭدىن يېڭىسار ناھىيەسىگە كەلدى، شۇ جاينىڭ تەرەققىياتى، ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش ئۇ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشقا ئايلاندى.

### ■ ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، تەرەققىياتقا مۇلازىمەت قىلىش

«بۈگۈن مەن ئاساسلىقى، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ يۈرۈشتۈرۈلۈشتىن بۇرۇن، كارخانىنىڭ يەنە بىز ياردەم قىلىپ، ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىدىغان قانداق قىيىنچىلىقلىرى بارلىقىنى ئىگىلەش ئۈچۈن كەلدىم.» 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، چېن مىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغان يېڭىسار ناھىيەلىك رۇيى پەن - تېخنىكا توقۇمىچىلىق كەسپلەر باغچىسىغا كېلىپ، يېڭىسار چىلۇ توقۇمىچىلىق كىيىم - كېچەك چەكلىك شىركىتى بىرلەشمە ياچېيكىسىنىڭ پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىسى جىڭ دايېڭغا شۇنداق دېدى.

«8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ، ئىشچى ئىشلىتىش مەسىلىسىنى سىلەرنىڭ ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ بېرىشىڭلارغا موھتاجمىز».

چېن مىڭ يېڭىسار ناھىيەلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن بىرلىكتە نەق مەيداندا كېڭىشىپ، ناھىيەلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى بىلەن ماڭشىن بازارلىق، توپلۇق يېزىلىق، ئەگىس يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كارخانىغا ياردەملىشىپ يەرلىكتىكى ماھارەت تەربىيەسىگە قاتنىشىپ تېخى مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشمىغان خادىملار بىلەن ئالاقىلىشىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

«كارخانىغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ مەسىلىنى ھەل قىلىپ، كارخانىنىڭ قەرەلىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ ئۈنۈم يارىتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلساق، بىزنىڭ ئاممىنى شۇنچە بالدۇر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرالايدۇ» دېدى چېن مىڭ.

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش تۈرلىرىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئىگىلەش ئۈچۈن، چېن مىڭ ئىزدىنىش ئارقىلىق، ئايلىق ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، باغچە رايونى، كارخانا، يېزا - كەنتلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ھەرقايسى تۈرلەرنىڭ ئىلگىرىلەش، مەبلەغ ئاجرىتىلىش ئەھۋالىنى بىرىنچى ۋاقىتتا ئىگىلەپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش تۈرلىرىنىڭ قەرەلىدە تاماملىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

«كارخانىمىز چوڭقۇر تەسىرلەندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە كارخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.» شىنجاڭ جىفا خۇاخى كىيىم - كېچەك چەكلىك شىركىتىنىڭ مەسئۇلى خۇ كېشىڭ مۇنداق دېدى: كېلەر يىلى، بىز ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، ئەڭ ئاخىرىدا 3500 كىشىلىك ئىشچى ئىشلىتىش كۆلىمى شەكىللەندۈرىمىز.

### ■ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىش قىلىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى كېڭەيتىش

«بارلىق ئامال بىلەن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.» چېن مىڭ ئەمەلىيەتچىل، ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان ئىستىلى بىلەن ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايدىكى كادىرلار، ئاممىلار ۋە كارخانىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

كەسىپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى يولغا قويغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، كەسىپ ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش چېن مىڭنىڭ نۇقتىلىق خىزمەتلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

چېن مىڭ يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «ناھىيە سانائەت باغچە رايونى، يېزا - بازار كىچىك، ئۇششاق كەسپلەر باغچىسى، يېزا ھەمراھ زاۋۇتى، ئائىلىۋى نامراتلارنى يۆلەش سېخى»دىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىك بىرلەشمە ھەرىكەت سۈپىسى بىر گەۋدىلەشكەن يېڭى تىپتىكى كەسپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىش ئۈستىدە ئىزدەندى.

بۇ ئەندىزە جىفا خۇاخى، جوڭشىڭ پەلبىي، جۇلۇڭ پولات قۇرۇلمىسى قاتارلىق نۇرغۇن كارخانىنى شۇ جايدا ماكانلىشىشقا جەلپ قىلىپ، ساغان بازىرى، ئوچار بازىرى، قىزىل يېزىسىدا كىچىك، ئۇششاق كەسپلەر باغچىسىدىن ئۈچنى بەرپا قىلىپ، زاكازنى يېزا - بازار، كەنت ھەمدە دېھقانلار ئائىلىلىرىگىچە چۈشۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىش تەرتىپىنى ئۇزارتىش بىلەن كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ سىرتقا چىقمايلا ئۆيىدە ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بەردى، ھازىرغىچە 7000دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ھەل قىلدى.

«تۆت دەرىجىلىك بىرلەشمە ھەرىكەت ئەندىزىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئارقىلىق، ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش شەكلىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشىغا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىمەن» دېدى چېن مىڭ.

### ■ كەسپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى پۇختا، ئىنچىكە ئىشلەش

«كەسىپ ئاساسىنى پۇختىلاشتا، سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش خىزمىتىنى چوقۇم پۇختا ئىشلەش كېرەك.» چېن مىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىدە ئالدىنقى سەپ بىلەن ئارقا سەپنى تەرتىپلىك جىپسىلاشتۇرۇش ئاچقۇچ، دەپ قارىدى.

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىگە قاتناشقاندىن بۇيان، چېن مىڭ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جەمئىي 1 مىليارد 500 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان رۇيى پەن - تېخنىكىسىنىڭ 250 مىڭ ئۇرچۇقلۇق رۇيى توقۇمىچىلىق تۈرى، جەمئىي 390 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان گوشىڭ سانائەت باغچىسى كىيىم - كېچەك پىششىقلاش تۈرى، جەمئىي 150 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان LED يورۇتۇش چىرىغى ئىشلەپچىقىرىش - قۇراشتۇرۇش تۈرى قاتارلىق 23 تۈرنى يېڭىسارغا ماكانلىشىشقا جەلپ قىلدى، جەمئىي 1 مىليارد 350 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشنى تاماملاپ، 4000دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ھەل قىلىپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېرىلگەن نامرات ئائىلىدىن 2000دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى.

دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا كۈچ قوشۇش ئۈچۈن، چېن مىڭ تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىلەرنىڭ سېتىش يوللىرىنى ئېچىشقا پائال ياردەم بەردى. بۇلتۇر، ئۇ دېھقانلارغا ياردەم بېرىپ سېتىشنى تېزلىتىش «مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، جەمئىي 20 توننا يەرلىك ياڭاق ساتتى؛ «ئۆرۈك»نى ئىشىك ئالدىغىچە يەتكۈزۈش — يېڭىسار ئۆرۈكىنى ئىچكىرى رايونلاردا سېتىش پائالىيىتىنى پىلانلاپ، يېڭىسارنىڭ 33 توننا ئۆرۈكىنى شەندۇڭ، شاڭخەي بازىرىغا سېلىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈم ھاسىل قىلدى؛ «شەندۇڭ - شىنجاڭ يىپەك يولى رىشتىسى قەشقەرنىڭ شېرىن تەمى» باش تېما پائالىيىتىنى يېڭىلىق يارىتىپ يولغا قويۇپ، قەشقەر، يېڭىسارنىڭ داڭلىق، ئېسىل مېۋە - چېۋىلىرىنى شەندۇڭ جىنىڭغا كىرگۈزدى. «ئالاقە تورى+» ئەندىزىسىدىن پايدىلىنىپ، «ياخشى مەھسۇلات شەندۇڭدا» قاتارلىق تور سۇپىلىرىنى تىيەنماۋ، تاۋباۋ قاتارلىق ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىلىرى بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، قەشقەر يېڭىسار داڭلىق، ئېسىل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئېلېكترونلۇق سودا سېتىش سۇپىسى بەرپا قىلىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش ۋە باغۋەنلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.

بۈگۈنكى كۈندە، چېن مىڭ يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانى ۋە يېڭى بىر نۆۋەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش يىرىك پىلانىنى ياخشى ئىشلىشىگە ماسلىشىپ، يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس سېلىش بىلەن ئالدىراش.

«شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش قوشۇنىنىڭ بىر ئەزاسى بولالىغىنىمدىن، مەسئۇلىيىتىمنىڭ ئېغىر، بۇرچۇمنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. كەسپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى پۇختا، ئىنچىكە ئىشلەپ، ئۆزۈمنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئىككىنچى يۇرتۇم يېڭىسارنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىمەن» دېدى چېن مىڭ.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# شى چېن: خەلق ئۈچۈن جان پىدا قىلغان «خەلقنى سۆيۈش نەمۇنىچىسى»



شى چېننىڭ ھەيكىلى. □شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، تەييۈەن، 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لىيۇ شياۋخۇڭ) 81 - جىنتۇەنجۈن مەلۇم ئالاھىدە ئۇرۇش قىلغۇچى لۈسى يېقىندا «ئالاھىدە ئۇرۇش تويۇقسىز ھۇجۇم قىلغۇچى قوشۇن — 2019» ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقە مەيدانىدا زەپەر قۇچۇپ، يېڭىدىن تەشكىللەنگەن ئالاھىدە ئۇرۇش قىلغۇچى لۈلەر ئىچىدە بىرىنچى بولۇشتەك ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. كوماندىر - جەڭچىلەر لۈ تارىخى سارىيىدىكى شى چېننىڭ ھەيكىلى ئالدىدا تەنتەنىلىك قەسەم بېرىپ، قەھرىمان، قۇربانغا ياخشى نەتىجىسىنى دوكلات قىلدى. «خەلقنى سۆيۈش نەمۇنىچىسى» شى چېن ئىلگىرى بۇ قىسىمنىڭ ئاساسى بولغان قىسىمدا ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىگەن، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، ئۇنىڭ روھى تۈركۈم - تۈركۈم كوماندىر - جەڭچىنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشقا ئىرادە باغلىشىغا ئىلھام بېرىپ كەلمەكتە.

شى چېن، خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ يىشيەن ناھىيەسىدىن، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزاسى، 1940 - يىلى تۇغۇلغان، 1960 - يىلى ھەربىي سەپكە كىرگەن، سابىق 69 - جۈن مەلۇم قىسىم 3 - يىڭ توپچىلار لىيەنى (ھازىرقى 81 - جىنتۇەنجۈن مەلۇم ئالاھىدە ئۇرۇش قىلغۇچى لۈسى 3 - يىڭ 9 - لىيەن)نىڭ جەڭچىسى.

1963 - يىلى 8 - ئاينىڭ بېشىدا، ئۇدا نەچچە كۈن ياغقان پەۋقۇلئاددە قاتتىق يامغۇر خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىجياجۇاڭ، باۋدىڭ، شىڭتەي قاتارلىق جايلىرىنى قاپلىغان. 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، شى چېن لىيەندىكىلەرگە ئەگىشىپ بۇيرۇققا بىنائەن يىشيەن ناھىيەسىنىڭ شەرقىدىكى گاۋشىجۇاڭغا بېرىپ كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ خەتەردىن قۇتقۇزغان. بىر كېچە - كۈندۈز، ئۇ ۋە سەپداشلىرى ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قاپسىلىپ قالغان 450 نەچچە ئاممىنى قۇتقۇزغان، 2000دىن ئارتۇق ئاممىنى ۋە كوللېكتىپنىڭ زور تۈركۈمدىكى مال - مۈلكىنى يۆتكىگەن.

8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سەھەردە، شى چېن ئاممىنىڭ ھۆل كىيىمدە توڭلاپ تىترەپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، كەنتكە قايتىپ سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن كىيىم تېپىپ كېلىشنى قارار قىلغان. كەنتكە يېتىپ كېلىشىگىلا، تويۇقسىز تاغ كەلكۈنى كەلگەن. بۇ چاغدا، شى چېن تاغ باغرىدىن بىر نەچچە قەدەملا يىراقلىقتا بولۇپ، بىر قەدەم ماڭسىلا تاغقا بىخەتەر چىقىۋالالايتتى. لېكىن ئۇ لىيەن ئىشتابىغا قاراپ يۈگۈرگەن، ئۇ، ئۇ يەردە يەنە تاغقا چىقىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ئاما ۋە كېسەل تۇرۇپمۇ قەتئىيلىك بىلەن كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان مۇئاۋىن يېتەكچى لىيۇ شاۋچۈننىڭ بارلىقىنى بىلەتتى. دەل شۇ چاغدا، تاغ كەلكۈنى ئۇنى شىددەتلىك ئېقىنغا سۆرەپ كىرىپ كەتكەن.

شى چېن كۆچەپ سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىپ، كوپېراتىپ ئەزاسى ۋاڭ لورۇڭنىڭ قىزى ۋاڭ لىيەنزىنىڭ كەلكۈن ئىچىدە تىركىشىۋاتقانلىقىنى بايقىغان. ئۇ بىر قولىدا ۋاڭ لىيەنزىنىڭ كىيىمىنى تۇتۇپ، بىر قولىدا سۇ ئۈزۈپ، ناھايىتى تەستە قىرغاققا ئۈزۈپ كەلگەن، بىر قايىنام ئۇلارنى يەنە شىددەتلىك ئېقىنغا سۆرەپ كىرىپ كەتكەن.

شى چېن كەلكۈندە مىڭ مۇشەققەتتە ئالدىغا ئۈزۈپ، ئاخىر قىرغاققا ئۈزۈپ كەلگەن. لېكىن سۇ جىددىي ئېقىۋاتقان بولغاچقا، بىر ئادەمنى سۆرەپ قىرغاققا چىقىش ئىنتايىن تەسكە توختىغان. شى چېن جىددىي پەيتتە ئەقىل تېپىپ، ۋاڭ لىيەنزىنى ئىككى قولى بىلەن تىرەپ، پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇنى قىرغاققا ئىتتىرىپ چىقارغان، لېكىن كەلكۈن ئۇنى قىرغاقتىن ئېقىتىپ كەتكەن.

بىر نەچچە قېتىم لەيلەپ - چۆككەندىن كېيىن، ئۇ ئاران تەستە شىددەتلىك ئېقىننىڭ زەربىسىدىن قۇتۇلۇپ، سۇنىڭ ئېقىشى تەكشى، مۇقىم بولغان جايغا ئۈزۈپ بېرىپ، خەتەردىن قۇتۇلۇشقا ئاز قالغان. تويۇقسىز، ئارقىسىدىكى قايىنامدىن يەنە «قۇتقۇزۇڭلار» دېگەن ئاۋاز ئاڭلانغان. پۈتۈن بىر كېچە پايپېتەك بولغان شى چېننىڭ بۇ چاغدا جىسمانىي كۈچى خوراپ تۈگەي دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى چىقىرىپ غۇلاچ تاشلاپ، سۇغا چۈشۈپ كېتىپ «قۇتقۇزۇڭلار» دەپ چاقىرغان قىز چېن ئەيزىنغا قاراپ ئۈزۈپ ماڭغان. بىر رەھىمسىز دولقۇن ئۇنى سۇ ئاستىغا سۆرەپ كىرىپ كەتكەن. شى چېن قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان، شۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 23 ياشتا ئىدى.

1964 - يىلى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى شى چېنغا «خەلقنى سۆيۈش نەمۇنىچىسى» دەپ تولۇقلاپ شەرەپلىك نام بەرگەن، شى چېن ھايات ۋاقتىدا تۇرغان بەنگە «شى چېن بەنى» دەپ نام بەرگەن.

«‹شى چېننىڭ ۋارىسى› بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ۋۇجۇدىدىن مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئېلىپ، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش مۇساپىسىدە مەردانە ئالغا ئىلگىرىلەيمىز.» لۈجاڭ ۋاڭ زىجياڭ مۇنداق دېدى: تىپ ئۆزگەرتىلگەندىن بۇيان، پۈتۈن لۈ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، جاپالىق مەشىق قىلىپ ماھارەت يېتىلدۈردۇق، جەڭگىۋارلىقىمىز تېز ئاشتى، يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىللىگەن ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىدە كۆپ قېتىم ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق، ھەربىي مەشىقتە زور بىر تۈركۈم ئىلغار شەخسلەر بارلىققا كەلدى.

# خەلقنى سۆيۈش نەمۇنىچىسى — ئوۋياڭ خەي



ئوۋياڭ خەينىڭ سۈرىتى. □شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چاڭشا، 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر تەن چاڭ) خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ گۇيياڭ ناھىيەسىدە ئوۋياڭ خەينىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. يۇرت خەلقى سۇ ئامبىرى، مەيدان، مەكتەپ، يول قاتارلىقلارغا «ئوۋياڭ خەي» دەپ نام قويۇپ، بۇ خەلقنى سۆيۈش نەمۇنىچىسىغا بولغان چەكسىز سېغىنىشى ۋە ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەن.

ئوۋياڭ خەي، 1940 - يىلى تۇغۇلغان، خۇنەننىڭ گۇيياڭ ناھىيەسىدىن. 1959 - يىلى 3 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە قاتناشقان. 1960 - يىلى 5 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. ھەربىي سەپكە قاتنىشىشتىن ئىلگىرى يېزىدا ئىش خاتىرىلىگۈچى، بوغالتىر بولغان، ئۇ باشقىلارغا قىزغىن ياردەم قىلىپ، دائىم ئەمگەك كۈچى يوق ئائىلىلەرگە ياردەملىشىپ ئىشىنى قىلىشىپ بەرگەن ھەم ئۆزىنىڭ ئاشلىقىنى ئىشلىتىپ ئۆز كەنتىدىكى قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنى قۇتقۇزغان.

ھەربىي سەپكە قاتناشقاندىن كېيىن، ئوۋياڭ خەي گۇاڭجوۋ قىسمىنىڭ مەلۇم قىسىم 1 - يىڭ 3 - لىيەن 7 - بەندە جەڭچى، بەنجاڭ بولغان. خىزمەتتە ئاكتىپ بولۇپ، جاپاغا چىداپ مەشىق قىلغان، قەيەردە قىيىنچىلىق بولسا، قەيەردە خەتەر بولسا شۇ يەرگە ئاتلانغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «كىچىك يولۋاس» دەپ ئاتىغان. ئۇ ئىككى قېتىم سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئۆسمۈرنى قۇتقۇزۇۋالغان، بىر قېتىم ئوت ئۆچۈرۈشكە قاتناشقان ھەم بىر بوۋاينى قۇتقۇزۇپ چىققان. ئۈچ قېتىم 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، كۆپ قېتىم ئۈلگە بولۇپ تىكلەنگەن.

1963 - يىلى 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سەھەردە، ئوۋياڭ خەي تۇرۇشلۇق قىسىم دالىدا مەشىق قىلىپ، تۆمۈريولنى بويلاپ يۈرۈش قىلغان، خۇنەن ئۆلكىسى خېڭشەن ۋوگزالىنىڭ جەنۇبىدىكى جىلغىغا كەلگەندە، لىق يولۇچىنى ئېلىپ شىمالغا ماڭغان 288 - قېتىملىق پويىز قارشى تەرەپتىن تېز سۈرئەتتە كەلگەن، زەمبىرەك جازىسى ئارتىلغان بىر ئات تويۇقسىز ئۈركۈپ كېتىپ، تۆمۈريولغا كىرىپ، ئىككى رېلىسنىڭ ئوتتۇرىسىدا توغرىسىغا تۇرۇۋالغان. پويىز بىلەن ئۈركۈگەن ئات سوقۇلۇپ كېتەي دېگەن خەتەرلىك جىددىي پەيتتە، ئۇ ھاياتى بىلەن ھېسابلاشماي، تۆمۈريولغا سەكرەپ كىرىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتنى رېلىستىن ئىتتىرىپ چىقىرىپ، پويىزنىڭ رېلىستىن چىقىپ كېتىشىدەك ئېغىر ۋەقە يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، يولۇچىلارنىڭ ھاياتى ۋە خەلقنىڭ مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى قوغداپ قالغان، ئەمما ئۆزى پويىزنىڭ ئاستىغا كىرىپ كېتىپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان، شۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 23 ياشتا ئىدى.

ئوۋياڭ خەي لېي فېڭدىن كېيىن خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىدىن ئىبارەت بۇ داشۆدە مەيدانغا كەلگەن يەنە بىر كوممۇنىزم جەڭچىسى. 1964 - يىلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى گۇاڭجوۋ ھەربىي رايونى كومىتېتى ئۇنىڭغا «خەلقنى سۆيۈش نەمۇنىچىسى» دەپ تولۇقلاپ شەرەپلىك نام بەرگەن. شۇ يىلى 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى ئۇ ھايات ۋاقتىدا تۇرغان بەنگە «ئوۋياڭ خەي بەنى» دەپ نام بەرگەن ھەم پۈتۈن ئارمىيەدىكى كوماندىر - جەڭچىلەرنى ئۇنىڭ ئالىيجاناب خىسلىتىدىن ئۆگىنىپ، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا چاقىرىق قىلغان. جۇ دې، دۇڭ بىۋۇ، خې لۇڭ، شۇ شياڭچيەن، نيې رۇڭجېن، يې جيەنيىڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا بېغىشلىما يېزىپ، ئۇنىڭ قەھرىمانلىق ھەرىكىتىنى يۈكسەك تەرىپلىگەن.

1988 - يىلى، ئۇ ھايات ۋاقتىدا تۇرغان قىسىم ئوۋياڭ خەي خاتىرە سارىيى سالغان.

ئوۋياڭ خەي جان پىدالىق بىلەن جەڭ ئېتىنى ئىتتىرىپ، باتۇرلۇق بىلەن خەلقنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكىنى قۇتقۇزۇشتەك قەھرىمانلىق باتۇرانە ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھايات ھېكمىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەن: «ئەگەر كوممۇنىزم غايىسى ئۈچۈن قۇربان بولۇشقا توغرا كەلسە، بىز ھەربىرىمىزنىڭ چىرايىمىز ئۆزگەرمەسلىكى، يۈرىكىمىز سېلىپ كەتمەسلىكى كېرەك ھەم شۇنداق قىلالايمىز».

قىزىل گېننى مەدەنىيەتكە سىڭدۈرۈش، قان تومۇرغا سىڭدۈرۈش، ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، گۇيياڭ ناھىيەسى قەھرىماننىڭ يۇرتى بولغان يېزا - بازارغا مەخسۇس «ئوۋياڭ خەي» دەپ نام بەرگەن ھەم ئوۋياڭ خەي سۇ ئامبىرى، ئوۋياڭ خەي مەيدانى، ئوۋياڭ خەي يولى، ئوۋياڭ خەي ئوتتۇرا مەكتىپى قاتارلىقلارنى سالغان، «ئوۋياڭ خەي» ناملىق ياشلار، ئۆسمۈرلەر ئوقۇشلۇقىنى تەھرىرلەپ نەشر قىلغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئوۋياڭ خەينىڭ كونا تۇرالغۇسى ۋە كۆرگەزمىخانىسىنى نۇقتىلىق رېمونت قىلغان.

گۇيياڭ ناھىيەلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى پېڭ شېڭجى مۇنداق دېدى: «ئوۋياڭ خەينىڭ جان پىدالىق بىلەن جەڭ ئېتىنى ئىتتىرىپ، باتۇرلۇق بىلەن خەلقنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكىنى قۇتقۇزۇۋالغانلىقىدەك قەھرىمانلىق باتۇرانە ھەرىكىتى دەل كومپارتىيە ئەزالىرى جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ ئاساسىي مەقسەتنىڭ مەركەزلىك نامايەندىسى. ئۇلۇغ دەۋردىكى يېڭى مۇساپىدە، بىز ئوۋياڭ خەي روھىنى گۇيياڭنىڭ باشلامچىلىق بىلەن ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشىنىڭ پۈتۈن جەريانى ۋە ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭدۈرۈپ، تارىخ ۋە خەلقنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان يېڭى نەتىجىلەرنى ئۈزلۈكسىز يارىتىمىز».

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)